«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات




ISBN 978-7-5469-3927-8

定价：29.80元

上架建议：少儿专柜

www.uyghurkitap.com

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب بېيجىڭ ئېلېكترون سانائىتى نەشرىياتىنىڭ 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى ، 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根北京电子工业出版社 2010 年 1 月北京第 1 版,2010 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇرات ئالىم، مامۇت ئىسمايىل
مەسئۇل كوررېكتورى: مېھرىبان نۇرئەخمەت
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن

---

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بياۋگەنجى مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 8
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 − 7 − 5469 − 3927 − 8
**باھاسى:** 29.80 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu−book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاجايىپ ياخشى رەسىملىك پەننىي كىتاب

## —— كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ھەر قېتىم تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ،
پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن تەسىرلىك ھەم جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنى-
ڭىزدە، لىرىك مۇزىكىلاردىن بەھرىلەنگىنىڭىزدە، يەسلى ياكى باغچىلارغا
بېرىپ قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلارنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى زوق
بىلەن ئوينىغىنىڭىزدا ياكى ئاتا - ئانىڭىز بىلەن تاغۇ - دەريا، باغۇ -
بوستانلارنى سەيلە قىلغىنىڭىزدا... سىزدە ھەرخىل تەسىرات ۋە سوئال-
لار تۇغۇلۇپ، ئىلىم - پەن دېڭىزىغا غەرق بولامسىز؟ ئىلىم - پەن
سىرلىقتۇر، ئىلىم - پەن گۈزەلدۇر، ھەممىدە ھەممىگە
چېتىشلىقتۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بەئەينى ئىلىم - پەن دېڭىزىدا كېزىۋات-
قان ئالتۇن كېمىگە ئوخشاش، گۈزەل تىللارنى، جانلىق ھەم
قىزىقارلىق رەسىملەرنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇ-
جەسسەملەپ، چۆچەكلەردەك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق
سىزگە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.
سىزنىڭ ئىلىم - پەن دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ،
ئىچىدىكى سىرلىق دۇنيانى چۈشىنىشىڭىزگە، ئىلىم -
پەننىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشىڭىزگە، ھەمدە ئاشۇ
ئىلىم - پەنگە تولغان دۇنيادا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلى-
شىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.







# مۇندەرىجە


ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي ...................... 1

ئوت ـ چۆپلەر ئۇستىدىكى «خىرۇستاللار» ...... 25

كىچىك «هاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچى» - - - 49

گۇلدۇرمامىلىق يامغۇردا كەلگەن مېھمان ...... 73

يەر يۈزىدىكى «بۇلۇت» ...................... 97









ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

# ئۆزگىرەلەيدىغان ئاي





شامالسىز ھاۋا ئوچۇق بىر كېچىسى يۇلتۇزلار نەگىدۇر يوشۇرۇن-
غان، ئاسماندا پەقەت يۇپيۇمىلاق ئايلا پارقىراپ تۇراتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





www.uyghurkitap.com

تاغ تۆپىسىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئېگىز شېخىدا ئانا ـ بالا مۈشۈكياپىلاق ئولتۇراتتى.

مۇشۇكياپىلاقنىڭ بالىسى ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك ئېسىلىپ تۇرغان ئايغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ:

— ئانا، بۈگۈنكى ئاي نېمانداق چىرايلىق! — دېدى. ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— بۈگۈن دېھقانلار كالېندارى بويىچە 8 - ئايغا 15، تاۋۇز چاغىنى كۈنى. ھەر ئاينىڭ دېھقانلار كالېندارى بويىچە 15 - كۈنى ئاي مۇشۇنداق ئالاھىدە يۇمىلاق بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com



— نېمىشقا؟ — قىزىقىپ سورىدى بالىسى.

— چۈنكى بۇ كۈنى ئاينىڭ قۇياش نۇرى يورۇتقان تەرىپى پۈتۈنلەي يەر يۈزىگە قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يۇپيۇمىلاق ئاينى كۆرەلەيمىز. بۇ، «تولۇن ئاي» دەپ ئاتىلىدۇ، — دەپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈردى ئانا.

تولۇن ئاي





www.uyghurkitap.com



ـــ ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن ئاي بەزىدە ئورغاقتەك بولۇپ بۇگۈنكىگە ئوخشاشماي قالىدۇ؟ ئاي يۈزىنى نېمىشقا ھېلى ئۈنداق، ھېلى بۇنداق ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، ـــ دەپ داۋاملىق سورىدى بالىسى بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانىسى كۈلۈپ كەتتى ۋە:
ــ ئەمەلىيەتتە ئاي ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدۇ، قۇياش ئۇنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. يەرشارى، ئاي ۋە قۇياشنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بىز ئاينىڭ قۇياش يورۇتقان ئوخشاش بولمىغان قىسمىنىلا كۆرەلەيمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




يەر شارى قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ.


ئاي يەر شارىنى چۆ-
رىدەپ ئايلىنىدۇ.

ئاينىڭ بېشىدا قۇياش ئاينىڭ ناھايىتى كىچىك بىر قىسمىنىلا يورۇتقاچقا، بىز ئورغاقتەك ئەگىم ھىلال ئاينى كۆرەلەيمىز، — دېدى ئا- نىسى بالىسىغا قاراپ، — ئاندىن كېيىن، قۇياشنىڭ ئاينى يورۇتقان قىسمىنىڭ بارا - بارا چوڭىيىشى نەتىجىسىدە، يېرىم ئايدىن كېيىن بىز يۇپيۇمىلاق ئاينى كۆرەلەيمىز.



www.uyghurkitap.com






مۈشۈكياپىلاقنىڭ
بالىسى تېگى ـ تەكتىگە يەتمە-
گۈچە ئانىسىدىن سوراۋەردى:
ــ ئۈنداقتا، كېيىن يەنە
قانداق بولىدۇ؟ ئاي يۈزىنى

يەنە ئۆزگەرتەمدۇ؟

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق يېغىپ تۇراتتى، ئۇ
ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
ــ شۇنىڭدىن كېيىن، ئاي ئاستا ـ ئاستا يەنە ئورغاق-
تەك ھىلال ئايغا ئۆزگىرىدۇ. ئاينىڭ يۈزى شۇ تەرىقىدە داۋاملىق ئۆز-
گىرىپ تۇرىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بالىسى كۆزلىرىنى ئوۋۇلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، يۇپيۇمىلاق ئايغا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئانا، قاراڭە، ئاي بىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ، — دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار داۋاملىق مۆكۈ - مۆكۈلەك ئوينايتتى، ئاي تېخىمۇ تولۇپ بەكلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى...ئېگىز دەرەخ شېخىدىكى ئانا - بالا مۇشۇكياپىلاقلار بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ قۇچاقلاشتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## سەييارىلەر ئارا ئويۇن ئويناش

### پائالىيەت مەقسىتى

1. قۇياش، يەرشارى ۋە ئاينىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈش.
2. ئاينىڭ تولۇش ۋە كەمتۈك بولۇپ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەرنى بىلدۈرۈش.
3. بالىلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش.

### پائالىيەت تەييارلىقى

1. رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئىككى شار شەكىللىك جىسىم (كۆك رەڭلىك يەر شارىغا، سېرىق رەڭلىكى ئايغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، يورۇقلۇق چىقىرىدىغان ئۈستەل چىرىغى (قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ).
2. تولۇن ئاي ۋاقتى تاللىنىدۇ: دېھقانلار كالېندارى بويىچە ئاينىڭ 15 ـ ياكى 16 ـ كۈنلىرى.
3. خاتىرىلەش جەدۋىلى تەييارلىنىدۇ.







## پائالىيەت جەريانى

1. بالا قولىغا ئۇستەل چىرىغىنى ئېلىپ قۇياش رولىنى ئالىدۇ. دادىسى كۆك رەڭلىك شارنى ئېلىپ يەر شارى بولىدۇ. ئانىسى سېرىق رەڭلىك شارنى ئېلىپ ئاي بولىدۇ.
2. ئويۇن باشلانغاندا دادىسى (يەر شارى) بالىسىنى (قۇياشنى) چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. دادىسى (يەر شارى)نىڭ سۈرئىتى ئاستا، ئانىسى (ئاي)نىڭ سۈرئىتى تېزراق بولىدۇ.



## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى باشلاپ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاي فازىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزەتكۈزىدۇ ھەمدە خاتىرە يېزىلىدىغان بىر گىراپا تەييارلاپ، ئاينىڭ ھەر كۈنلۈك شەكلىنى سىزدۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق بالىلىرىغا ئاي فازىسىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى بايقىتىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا ئۈچ ئاسمان جىسمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەمدە ئاينىڭ تولۇش، كەمتۈك بولۇش سەۋەبىنى ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ. تەقلىدىي تەجرىبە ئىشلەش پائالىيىتى ئارقىلىق، بالىلارنىڭ ئىلىمنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش قىزغىنلىقى قوزغىتىلىدۇ. بالىلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىلمىي ھادىسىلەرنى كۆزىتىشكە ھەمدە داۋاملىق كۆزىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ سىرىنى بايقاشقا يېتەكلىنىدۇ.




## ئاينىڭ يۈزى نېمىشقا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؟
## ئاي ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقىرامدۇ؟

كىچىك دوستلار، ئاينىڭ يۈزى بەزىدە يۇمىلاق، بەزىدە يېرىم چەمبەر ۋە بەزىدە ئورغاقتەك بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

ئەسلىدە، ئاي ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدۇ. بىز كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئاي نۇرى ئۇ قايتۇرغان قۇياش نۇرىدىن ئىبارەت. قۇياش، ئاي، يەر شارىنىڭ نىسپىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان كۈنلەردە ئاي ئوخشاش بولمىغان قىياپىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاي يۈزىنىڭ يېرىمىنى قۇياش نۇرى ھەمىشە يورۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئايدا بىر قېتىم يەر شارىنى بىر چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغان ئاي پەقەت قۇياش نۇرى يورۇتقان ئاينىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ ھەر كۈنى ئوخشاش بولمايدۇ. ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىلال ئاينى، 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى دەسلەپكى چارەك ئاينى، 15 ـ كۈنى تولۇن ئاينى كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوت ـ چۆپلەر ئۇستىدىكى

# «خىرۇستاللار»



كۆپكۆك ئاسماندا ئاپئاق پاختىدەك يۇمشاق بۇلۇتلار مەيىن شامال-دا ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلاپ لەرزان لەيلەپ يۈرەتتى.

«بۈگۈن ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، چوقۇم ئەڭ - ئەڭ ئۆزگىچە بىر سوۋغا تەييارلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى چۇمۇلچاق ۋە ئەتىگەندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كەلدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئۇ ئۇستىبېشىدىكى لاي - توپىلارنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ ئوت -
چۆپلەر ئارىسىدا ئالدىرىماي ئۆمىلەپ ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن
شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئوبدانراق بىر نەرسە تاپالماي بىرئاز كۆڭلى يېرىم
بولدى. توساتتىن، يوپۇرماقلار ئۈستىدە يالت - يۇلت يالتىراپ تۇرغان
بىر نەرسىنى كۆرۈپ كۆز ئالدى لاپپىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى!





ئۇ ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ قارىۋېدى، ۋاھ! ئەسلىدە بىرنەچچە دانە يۇپيۇمىلاق، پارقىراپ تۇرغان «خىرۇستال»لاركەن ئەمەسمۇ! «ئەجەب ياخشى بولدى! راستتىنلا بىر گۆھەر ئىكەنغۇ! دەرھال ئۆيگە بېرىپ يىپەك يىپ ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنى ئۆتكۈزۈپ ئانامغا بىر تىزىق مارجان قىلىپ بېرەي. ئانام چوقۇم ياقتۇرىدۇ.» شۇلارنى ئويلاپ يۈزىدە خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



ئۈزۈن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆيىدىن بىر قىزىل يىپەك يىپ ئېلىپ كەلدى ـ دە، ھېلىقى «خىرۇستال»لارنى بايىقىغان يەرگە كەلدى، ئەپسۇس، يوپۇرماقلار ئۈستىدە بايقىغان «خىرۇستال»لار يوقاپ كەتكەن ئىدى! ھەي، بايىقى يالت ـ يۇلت پارقىراپ تۇرغان «خىرۇستال»لار قېنى؟ ھېلىلا مۇشۇ يەردە تۇراتتىغۇ، ئەجەبا، باشقىلار ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟ چۈمۈلىچاقنىڭ يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ ھەممە يەرنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى.





www.uyghurkitap.com

دەل شۇ چاغدا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمۈچۈك-جان چۈمۈلىچاقنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن ھالىتىنى كۆرۈپ قىزىقسىنىپ سورىدى:

— ھەي چۈمۈلىچاق، نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟

چۈمۈلىچاق ئوت - چۆپلەرنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردى:

— مەن ھېلىلا مۇشۇ يەردە بىرنەچچە دانە «خىرۇستال»نى بايقاپ قېلىپ، مارجان قىلىپ ئۆتكۈزۈپ ئانامغا سوۋغا قىلماقچى بولۇپ ئۆيگە يىپەك يىپ ئالغىلى كېتىپ قايتىپ كەلسەم ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قالماپتۇ. كىمنىڭ ئېلىپ كەتكىنىنى ھېچ بىلەلمىدىم.





www.uyghurkitap.com

ئۆمۈچۈكجان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئېغىزىنى كالچايتىپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

ــ ھە بىلدىم، سىز دەۋاتقان «خىرۇستال»لار ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە چۈشكەن شەبنەمغۇ! ــ دېدى.

ــ نېمە؟ شەبنەم دېگەن نېمە؟ ــ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي سورىدى چۈمۈلچاق.



— سىز ھېلى كۆرگەن «خىرۇستال»لار شەبنەم بولىدۇ. ئۇلار ھاۋادىكى سۇ ھورىنىڭ سوغۇققا ئۇچرىشىدىن شەكىللىنىدۇ، — دەپ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۆمۈچۈكجان، — تاڭ سەھەردىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سەل تۆۋەن بولىدۇ، بۇ چاغدا ھاۋادىكى سۇ ھورلىرى ئوت-چۆپلەر ئۈستىدە قېتىشىپ شەبنەمگە ئايلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





— بىراق، ئۇلار قانداقسىگە يوقاپ كېتىدۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى چۈمۈلىچاق. ئۆمۈچۈكجان:

— قۇياش بوۋا چىقىپ تېمپېراتۇرا ئاستا - ئاستا يۇقىرىلاشقا باشلىغاندا شەبنەملەر سۇ هورىغا ئايلىنىپ هاۋاغا تارقىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.


— هە، ئەسلىيدە مۇنداقكەندە! رەهمەت سىزگە ئۆمۈچۈكجان! — دېدى چۈمۈلىچاق ئىشنىڭ تەكتىنى بىلگەندىن كېيىن. ئۆمۈچۈكجان:

— ئەرزىمەيدۇ، ئەتە ئەتىگەندە مۇشۇ يەرگە كېلىپ شەبنەملەرنى كۆرەيلى، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ قول پۇلاڭلىتىپ.

— هە ماقۇل، — دېدى چۈمۈلىچاق بېشىنى لىڭشىتىپ.




www.uyghurkitab.com



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

كەچقۇرۇن چۇمۇلىچاق ئانىسىغا:

ــ ئەسلىيدە سىزگە بىر تىزىق «خىرۇستال» مارجان سوۋغا قىلىپ توغۇلغان كۈنىڭىزنى مۇبارەكلىمەكچى ئىدىم، بىراق ئۇ «خىرۇستال»لار-نى تاپالمىدىم، سىزنى سۆيۈپ تەبرىكلەپ قوياي، ــ دېدى ـ دە، ئانىسى-نى تاتلىققىنە سۆيۈپ قويدى، ئانىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى.





ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كىچىك ئەينەك بوتۇلكا تاپتى، ئاندىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆيدىن چىقتى. ئۆمۆچۈكجان ئاللىقاچان كېلىپ بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! ئۇلار تاكى قۇياش بوۋا ئېگىز كۆتۈرۈلگۈچە بىر تەرەپتىن شەبنەملەرنى ساناپ، يەنە بىر تەرەپتىن بوتۇلكىغا يىغدى.



پەننى ئوموملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## سۇ تامچىسىنى بايقاش

### پائالىيەت مەقسىتى

تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە شەبنەمنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بەزى ئەتىگەنلىكى ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە مېڭىپ قالساق ئايىغىمىز ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. بالىلارمۇ شەبنەمنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ پائالىيەت بىر تەرەپتىن بالىلارنى ئىلمىي تەجرىبە پائالىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، بالىلارنىڭ شەبنەمنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانى ۋە شەرت ـ شارائىتىنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بالىلارنىڭ ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئىزدىنىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرىدۇ.

### پائالىيەت تەييارلىقى

بىر داس ئىسسىق سۇ، داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان تۇۋاق (ئىستاكاننىڭ ئاغزى، قازاننىڭ تۇۋىقى قاتارلىقلار)



www.uyghurkitap.com





**پائالىيەت جەريانى**

**1.** ئىسسىق سۇ تەييارلىنىدۇ.

**2**. داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان تۇۋاق ئىسسىق سۇ ئۈستىگە بىر مىنۇت يېپىپ قويۇلىدۇ.

**3**. تۇۋاق ئېلىۋېتىلىدۇ، باللار تەپسىلىي كۆزىتىدۇ ھەمدە نېمىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (تۇۋاقتا نۇرغۇنلىغان سۇ تامچىلىرى بارلىقىنى بايقايدۇ.)

گەرچە تەجرىبە نەتىجىسىدە تۇۋاقتا نۇرغۇنلىغان سۇ تامچىلىرى بارلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ھاسىل بولۇشى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەبنەمنىڭ شەكىللىنىشىدە يەنىلا مۇئەييەن پەرق بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھاسىل بولۇش قائىدىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.


ئىسسىق سۇ تەييارلىنىدۇ


تۇۋاق ياكى ئىستاكان ئېغىزى يېپىلىدۇ


تۇۋاقتا سۇ تامچىلىرى بارلىقىنى بايقايدۇ

**پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش**

**1**. باللار ئۆزى قول سېلىپ بۇ تەجرىبىنى ئىشلەپ باقسا بولىدۇ. (كۆيۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ.)

**2**. تۇرمۇشىمىزدا، ئائىلە باشلىقلىرى بالىسىنى ئەتىگەنلىك شەبنەمنى كۆرۈشكە ئېلىپ چىقسا بولىدۇ.

**پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى**

باللار بۇ ئاددىي تەجرىبە ئارقىلىق شەبنەمنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى شەرت ـ شارائىت ۋە جەريانىنى بىلەلەيدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەجرىبىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

# ئوماق بالىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتخانىسى

## مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ:

كىچىك دوستلار، سىلەر چوقۇم ئەتىگەندە ئوت - چۆپلەر ئۈستىگە
چۈشكەن شەبنەملەرنى كۆردۈڭلار - ھە! شەبنەم ھاۋادىكى سۇ ھورىنىڭ
ئوت - چۆپ يوپۇرماقلىرى، زىرائەت يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە قېتىشىپ
قېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئۇششاق سۇ تامچىلىرى بولۇپ بەكمۇ پارقى-
راق ۋە بەكمۇ ئوماق.

ئەتىگەن - ئاخشامدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولغاچقا، ھاۋانىڭ
سۇ ھورلىرىنى ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ - دە، كۆپ مىقتاردى-
كى ئارتۇقچە سۇ ھورلىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن تېخىمۇ تۆۋەن
بولغان يوپۇرماقلار ئۈستىدە قېتىشىپ، سۇ تامچىلىرىنى ھاسىل قىلى-
دۇ. قۇياش چىقىپ تېمپېراتۇرا يۇقىرى ئۆرلىگەندە، سۇ يەنە ھورغا ئاي-
لىنىپ سۇ ھورىنى ھاسىل قىلىدۇ - دە، ھاۋاغا تارقىلىپ كېتىدۇ، شەب-
نەممۇ يوقىلىدۇ. شەبنەمنىڭ يامغۇرغا ئوخشاش زىرائەتلەرنىڭ قۇرۇپ
كېتىشىنى پەسەيتىشتەك پايدىلىق تەرىپى بار.

«پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى»دىكى سۇ تامچىلىرى-
نى بايقاش بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، شەبنەم بىز ھەمىشە كۆرۈپ
تۇرىدىغان داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان تۇۋاق ۋە كورا ئېغىزلىرىدىكى
سۇ تامچىلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى ھاۋادىكى سۇ ھورلىرىنىڭ
قېتىششىدىن ھاسىل بولىدۇ.

سۇ تامچىلىرىنىڭ ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە قېتىشىش جەريانىنى كۆرە-
لەيدىغان يەنە بىر ئۇسۇل بار، بۇ ئۇسۇل شەبنەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا
بارلىققا كېلىش جەريانىنى بىز بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بۇ ئۇسۇل تولىمۇ ئاددىي، دالادىن بىر تۇتام يېڭى ئوت - چۆپ يۇلۇپ
كېلىپ توڭلاتقۇغا سېلىپ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ توڭلىتىمىز. بىر-
دەمدىن كېيىن ئېلىپ قارىساق، تۆۋەن تېمپېراتۇرادا ئوت - چۆپلەر ئۈس-
تىدە قېتىپ قالغان دانە - دانە پارقىراق شەبنەمنى شۇ ھامان كۆرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىچىك «ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بەرگۈچى»



گۈزەللىككە تولغان كۈز كەلدى. كۈز شامىلىدا ئالتۇندەك سارغايغان يوپۇرماقلار لەپىلدەپ چۈشۈشكە باشلىدى. شال ئېتىزىدىكى قارانچۇقنىڭ بېشى شامالدا تىنىماي گىلدىڭلاپ تۇردى، مەيىن شامال ئاسمان بويلاپ مامكاپ ئۇرۇقىنى ئۇچۇردى.





www.uyghurkitap.com

ھاۋا نېمىدېگەن ياخشى - ھە! يولۋاسجان بىلەن ئالا تېيىن ياخشى دوستلاردىن ئىدى، ئۇلار ئالا تېيىننىڭ مومىسى ياساپ بەرگەن ئادەم يۈزلۈك چىرايلىق لەگلەكنى ئېلىپ كەڭ دالادا خۇشاللىقا چۆمگەن ھالدا ئۇچۇرۇشقا باشلىدى.





www.uyghurkitap.com



ئەنە قاراڭلارچۇ! يولۋاسجان لەگلەكنىڭ يىپىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ دالادا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈشكە باشلىدى. لەگلەك شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئېگىز ئۆرلەپ يىراق - يىراقلارغا ئۇچتى......

ئالا تېيىن ئېتىز قىرىدا يولۋاسجاننىڭ بارا - بارا كۈچەپ يۈگۈرۈۋاتقانلىقىغا، لەگلەكنىڭ تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەۋاتقانلىقىغا خۇشاللىق ئىلكىدە قاراپ ئولتۇردى......




www.uyghurkitap.com



ئالا تىيىن راسا خۇشال بولۇپ ئولتۇرغاندا بىر ئالىچىپار قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئاستالا قوندى ۋە:


— هايهاي، لەگلىكىڭلار تازا ئېگىز كۆكلەپتىغۇ! — دېدى. ئالا تىيىن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ مەمنۇن بولغان هالدا:

— شۇنداق، يولۋاسجان لەگلەك ئۇچۇرۇشنى بەك بىلىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى.





www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

ئالچىپار قۇشقاچ يىراقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئاۋۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتنى كۆردىڭىزمۇ؟ يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. دەرھال پاناھلىنىڭلار، بولمىسا لەگلەكلەر يامغۇردا ھۆل بولۇپ تۇگىشىدۇ، ــ دېدى.

ئالا تىيىن ھاۋانىڭ يەنىلا شۇنچە ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئالچىپار قۇشقاچقا قاراپ قويۇپ گەجگىسىنى قاشلىغاچ:

ــ يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز، ــ دەپ سورىدى.

ــ يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن بەدىنىمىزدە بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلىمىز، مەن سۇنىڭ تېيىزراق يېرىگە بېرىپ شۇڭغۇپ ـ شۇڭغۇپ سالقىنداپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن، ــ دېدى قۇشقاچ قاناتلىرى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ.



ئالا تىيىن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى، دەرھال يولۋاسجانغا بۇ گەپنى يەتكۈزگىلى ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ:

— يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، تېزراق قايتىپ كېتەيلى! — دەپ توۋلىدى.


يولۋاسجان ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئالدىراپ - تېنەپ لەگلەكنى قايتۇرۇپ چۈشۈپ ئۆيىگە كەتتى.

ئالا تىيىنمۇ شۇ ھامان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، سىرتقا يېيىپ قويغان تۇرۇپ قەلەمچىلىرىنى ئەكىرىۋالدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هەش ـ پەش دېگۇچە ئـارىلىقتا ئـاسماننى قـاپقارا بـۇلۇت قـاپلاپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاراسلاپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

«ئالىچىپار قۇشقاچىنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا ئىكەن!» ئالا تيىن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇنىڭغا قايىل بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





بىرئازدىن كېيىن، ئالا تىيىن كۆنلۈكنى كۆتۈرۈپ قۇشقاچنىڭكى-
گە بېرىپ:
— يامغۇرنىڭ قاچان توختايدىغانلىقىنىمۇ بىلەمسىز؟ — دەپ سو-
رىدى.
ئالىچىپار قۇشقاچ دەرەخ كاۋىكىدىكى ئۇۋىسىدىن بېشىنى چىقى-
رىپ ئاسمانغا قارىدى، يىراقتا يورۇپ تۇرغان ئاسماننى كۆرسىتىپ
ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي مۇنداق دېدى:
— ئاسماننىڭ ئاۋۇ يېرىنىڭ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟
پەمىمچە، بىرئازدىن كېيىن هاۋا ئېچىلىپ كېتىدۇ.
ئالا تىيىن دەرهال يولۋاسجاننىڭ ئۆيىگە بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈز-
گىلى ماڭدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يامغۇر توختىدى، ئاسماندا ئەگمەچ هەسەن - هۈسەن جۇلالاندى. هاۋا يەنە ئېچىلىپ كەتتى.

ئالا تىيىن بىلەن يولۋاسجان يەنە دالاغا كېلىپ لەگلەكنى ئۇچۇردى. بۇ چاغدا ئۇلار يەنە بىر دوستقا — توغرىسى، ئەقىللىك ئالىچىپار قۇشقاچقا ئېرىشكەندى!





www.uyghurkitap.com

ئەنە قاراڭ! چىرايلىق لەگلەك زۇمرەت ئاسماندا ئېگىز ئۆرلىگەنسېرى بۇ ئۈچ دوست تېخىمۇ خۇشاللىقتا چۆمدى.

يولۋاسجان ئالا تېيىنغا قاراپ سەمىمىيلىك بىلەن:

— بىز ئالىچىپار قۇشقاچنى ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگۈچى قىلىۋالساق قانداق؟ — دېۋىدى، ئالا تېيىن خۇشاللىق بىلەن قوش قوللاپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنى ئاڭلىغان ئالىچىپار قۇشقاچ خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## لەپىلدەۋاتقان لېنتا

### پائالىيەت مەقسىتى

شامال — بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى، ئۇ ھاۋانىڭ ئالمىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. شامال بەزىدە كۈچلۈك، بەزىدە ئاجىز، بەزىدە ئۇ يۆنىلىشتە، بەزىدە بۇ يۆنىلىشتە چىقىدۇ. بىز شامالنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى قانداق بىلەلەيمىز؟ ئۆزىمىز قول سېلىپ بىر «ئەسۋاب» ياساپ چىقايلى. بۇ «ئەسۋاب» ئارقىلىق بالىلار شامال كۈچى ۋە يۆنىلىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتەلەيدىغان بولسۇن.

### پائالىيەت تەييارلىقى

بىر تال چوكا، يىپەك لېنتا، بىرنەچچە پارچە قەغەز






www.uyghurkitap.com





**پائالىيەت جەريانى**

1. يىپەك لېنتىنى چوكىنىڭ ئۇچىغا باغلايمىز.
2. ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئېگىزرەك جايدىن چوكىنى سانجىيدىغان يەر تېپىپ، لېنتا باغلانغان چوكىنى سانجىپ قويىمىز.
3. بالىلار ھەر كۈنى لېنتىدىكى ئۆزگىرىشنى، مەسىلەن، لېنتا لەپىلدەمدۇ ـ يوق؟ قاتتىق لەپىلدەمدۇ ـ ئاستا؟ قايسى يۆنىلىشتە لەپىلدىدى؟ دېگەنلەرنى كۆزىتىپ كۆرگەنلىرىنى سىزىپ چىقسا ياكى ئاددىي بەلگىلەر ئارقىلىق خاتىرىلىۋالسا بولىدۇ.



**پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش**

1.ئائىلە باشلىقلىرى بالىلار بىلەن دالاغا چىقىپ لەگلەك ئۇچۇرسا، شۇ جەرياندا لەگلەكنىڭ ئېگىز يا پەس ئۇچۇشى شامال كۈچىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، لەگلەكنىڭ قايسى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇۋاتقانلىقى شامال يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلسا بولىدۇ.
2. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىغا شامال توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ.

**پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى**

بۇ پائالىيەتتەبالىلارنىڭ بىرەر شەيئى ئۈستىدە ئۇزاقراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆزىتىشى زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بالىلارنىڭ بىر ئىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە سەۋرچان بولۇشنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

# ئۇماق باللارنىڭ ئىلمى تەتقىقاتخانىسى

## مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ

كىچىك دوستلار، ھاۋا رايىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەن ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ھاۋا رايىنى ئالدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، ھاۋا رايى ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، باشقا نۇرغۇن ئامىللارمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسلىنىپ ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەرگەندە بەزىدە خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ھاۋا رايى ئىستانسىسى ھايۋانات باغچىسىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ھاۋا رايى ئىستانسىسى ھېچقانداق ھايۋاننى باقمايدۇ.


ھايۋانلار ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ دېگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا ئالىچىپار قۇشقاچ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نوچىسى ئەمەس. ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئەقلىيە سۆزلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى يەنىلا قارلىغاچ بىلەن يىلان ھەمدە چۈمۈلە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «قارلىغاچ تۆۋەنلەپ ئۇچسا، يىلان ئورۇن يۆتكەر»، «چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىدىن كۆچسە، يامغۇر ياغار» دېگەندەك.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن، ئادەتتە ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەنلەپ، ھاۋادىكى نىسپىي نەملىك ئاشىدۇ. يامغۇر يېغىش ئالدىدا بوۋاي-مومىلىرىمىزنىڭ پۇت-قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىغانغا ئوخشاش، ئۇششاق ھايۋانلارمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىپ ئۇۋىلىرىدىن ئايرىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. يىلاننىڭ ئورۇن يۆتكىشى، چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىدىن كۆچۈشى مانا مۇشۇنداق ھەرىكەت قىلغانلىقىدۇر. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇچالايدىغان نۇرغۇن قۇرت-قوڭغۇزلار يامغۇر يېغىش ئالدىدا تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا قارلىغاچ، يىڭناغۇچ قاتارلىق ھايۋانلار تۆۋەنلەپ ئۇچۇپ ئۇلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. مانا بۇ — قارلىغاچ، يىڭناغۇچلارنىڭ يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن تۆۋەنلەپ ئۇچۇشىدىكى سەۋەب.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# گۈلدۈرماملىق يامغۇردا كەلگەن مېھمان





بەئەينى يۇپيۇمىلاق كۆرگۈ ئەينەكتەك يۇمىلاق كۆل تۈۋىدە بىر پاقا ئەپەندى زېرىكىپ ئولتۇراتتى.






www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



كۆلدە ئېچىلىپ كەتكەن نىلۇپەرنىڭ خۇشپۇرىقى قىرغاقلاردىن هالقىپ پاقا ئەپەندىنىڭ دېرىزىسى ئارقىلىق هۇجرىسىغا كىردى.

— ۋاھ... ئەجەب خۇشپۇراق ئىكەنغۇ! — دەۋەتتى پاقا ئەپەندى، — بۇ خۇشپۇراقنى ئېلىپ كەلگەن شاماللارغا ھەشقاللا، ئۇ ماڭا شۇ قەدەر گۈزەل شاد - خۇراملىق ئاتا قىلدى!

پاقا ئەپەندى خۇشاللىقىنى باسالماي ناخشا توۋلاپ كەتتى.




www.uyghurkitap.com

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاسمان قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. قاپ-
قارا بۇلۇتلار بەئەينى قېلىن يوتقاندەك ئاسماننى قاتمۇقات بېسىپ
ناھايىتى تېزلا بىراقلا قاپلىدى. شامال كۈچىيىپ گۈر - گۈر گۈركى-
رەيتتى، يەر يۈزىدە توپا توزىتىپ كۆزنى ئاچقىلى قويمايتتى.



www.uyghurkitap.com










— ۋاي، شامال چىقىپ كەتتىغۇ! يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى پاقا ئەپەندى ۋە دەرھال ئىشىك - دېرىزىلىرىنى تاقاپ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ كارىۋىتىغا چىقىپ كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى.



دۈك - دۈك - دۈك!

ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن پاقا ئەپەندى سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.






— بۇ ۋاقىتتا كەلگەن كىمدۇ؟ — پاقا ئەپەندى ئىشىكنى ئېچىپ تۇيۇقسىز ياغقان يامغۇردا چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۈچ تۆلۈمچاشقاننى كۆردى، — ۋاي بىچارىلەر، چاپسان كىرىڭلار!



www.uyghurkitap.com





پاقا ئەپەندى ئىشىكنى ياپاي دەپ تۇرۇشىغا چاراسلاپ چاقىقان چاقماق كۆكنى يېرىپ ئۆتتى. «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى تۇلۇمچاشقانلار دەرھال كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.





www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا، يىراقتىن «گۇلدۇر - گۇلدۇر» قىلغان غايەت زور ئاۋازلار بىر - بىرىدىن كۈچلۈك ياڭرىدى. ئۈچ تۇلۇمچاشقان قورقۇپ قۇلاقلىرىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىرىپ يوشۇرۇندى.





— قورقماڭلار بالىلىرىم، گۈلدۈرماملىق يامغۇر ياغقاندا ھەمىشە چاقماق چاقىدۇ، ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ. چاقماق بۇلۇتلار قاتلىمىنىڭ زەرەت قويۇپ بېرىشىدىن پەيدا بولىدۇ. مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرنى قۇچاقلاپ ئولتۇراي. ھەممىمىز بىللە ئولتۇرساق قورقمايسىلەر! — دېدى پاقا ئەپەندى ئۈچ تۇلۇمچاشقانغا تەسەللى بېرىپ.



www.uyghurkitap.com




ــ ئەمىسە نېمىشقا ئالدىدا چاقماق چېقىپ كەينىدىن ھاۋا گۈلدۈر-لەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى بىر تۆلۈمچاشقان پاقا ئەپەندىدىن.

ــ چۈنكى چاقماق گۈلدۈرماما ئاۋازىدىن تېز يۈگرەلەيدۇ! ــ دېدى پاقا ئەپەندى.

ــ ئەسلىيدە مۇنداق ئىكەندە! ــ دېيىشتى تۆلۈمچاشقانلار ھەيران بولۇپ. پاقا ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە:

ــ ھا... ھا...ھا... نۇرنىڭ تارقىلىش تېزلىكى ئاۋازنىڭ تارقى-لىش تېزلىكىدىن تېز بولىدۇ! ــ دېدى.




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سىرتتا يامغۇر بارغانسېرى كۈچەپ ياغقىلى تۇردى. كۆكنى يېرىپ ئۆتكەن چاقماقلار ئارقا ـ ئارقىدىن چاقنىدى، گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئالەمنى مالەم قىلدى. بۇ ئۈچ تۇلۇمچاشقان پاقا ئەپەندىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغاچقا قورقۇش ھېس قىلمىدى.

پاقا ئەپەندى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بې- رىشكە باشلىدى:

— يازنىڭ گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغقان بىر كۈنى......



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلي پائالىيتى

## گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما

### پائالىيەت مەقستى

بالىلارغا گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلۇق كۈنلەردە چاقماقتىن قانداق ساقلىنىش كېرەكلىكىنى ھەمدە پاناھلىنىدىغان بىخەتەر جاي تاللاش لازىملىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك ئېڭىنى كۈچەيتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### پائالىيەت تەييارلىقى

ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك رەسىملەرنى تەييارلىشى كېرەك: 1. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ئوچۇق ۋە يېپىق ھالەتتىكى ئۆي؛ 2. سىرتتا يانفوندا سۆزلىشىۋاتقان رەسىم؛ 3. ئوچۇق ياكى يېپىق ھەمدە توك سىمى تارتىۋېتىلگەن تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلار؛ 4. چوڭ دەرەخ تۈۋىدە ۋە ئۆي ئىچىدە يامغۇردىن دالدىلانغان رەسىم؛ 5. سۇ ئۈزۈۋاتقان، قولۋاقتا ئويناۋاتقان ھەم بېلىق تۇتۇۋاتقانلارنىڭ رەسىمى؛ 6. چوڭ بىر پارچە يامغۇر ياغقان چاغدىكى مەنزىرىلىك رەسىم






## پائالىيەت جەريانى

1. بارلىق رەسىملەر خالىغانچە تاشلاپ قويۇلىدۇ.
2. ئاتا ـ ئانىسى گۇلدۇرمامىلىق يامغۇر ياغقان چاغدىكى مەنزىرىنى ئېيتىپ، يامغۇرلۇق مەنزىرىنىڭ رەسىمىنى ئاچىدۇ. بالىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەسۋىرلىگىنى بويىچە شۇنىڭغا ئالاقىدار رەسىمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.
3. رەسىملەرنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىسى بالىسى بىلەن بىرلىكتە توغرا قويۇلغان ـ قويۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ ھەمدە بالىسىغا نېمە ئۈچۈن باشقا رەسىملەرنى ئەمەس، مۇشۇ رەسىمنى تاللىغانلىقىنى ئېيتقۇزىدۇ.
4. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىغا ئېگىز بىنالارنىڭ چاقماقتىن قانداق ساقلىنىدىغانلىقىنى، چاقماق قايتۇرغۇچنىڭ نېمە رولى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.





## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

يامغۇر ياغقاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:
1. چوڭ دەرەخلەر ئاستىدا دالدىلىنىشقا بولمايدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئاسانلا چاقماق چۈشۈپ كېتىدۇ. 2. چاقماق قايتۇرغۇچ ئورنىتىلغان بىنالار ئاستىدا دالدىلانغاندا ئەڭ بىخەتەر بولىدۇ. 3. سىرتتا موتوسىكلىت، ۋېلىسىپىت مىنمەسلىك، پىيادە يۈرمەسلىك لازىم. 4. سىرتتا توپ تۈرىدىكى تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماسلىق لازىم. 5. دالادا يانفون ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ، چوقۇم ئېتىۋېتىش لازىم.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بۇ پائالىيەت بالىلارغا چاقماقتىن قانداق بىخەتەر ساقلىنىش ھەققىدىكى تۇرمۇش ساۋاتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بىخەتەرلىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.




## نېمە ئۈچۈن دائىم ئاۋۋال چاقماق چاققاننى كۆرۈپ، ئارقىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلايمىز؟


نېمە ئۈچۈن دائىم ئاۋۋال چاقماق چاققاننى كۆرۈپ، ئارقىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلايمىز؟

گۈلدۈرماما ئاۋازىنى قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلايمىز، چاقماق چاققاننى كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز. بۇ ئىككىسى ئىككى خىل ھادىسە، شۇنداقلا يەنە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسە بولۇپ بۇلۇتلار قاتلىمىدىكى ئىنتايىن يۇقىرى ئېلېكتر پوتېنسىيال پەرقى زەرەت قويۇپ بەرگەن چاغدا تەڭلا يۈز بېرىدۇ. زەرەت قويۇپ بەرگەن (چاقماق چاققان) ۋاقىتتا نەچچە تۈمەن گرادۇستىكى ئىسسىقلىق چاقماق كېسىپ ئۆتكەن ھاۋانى ئىنتايىن كۈچلۈك تۈردە كېڭەيتىۋېتىدۇ - دە، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز پەيدا قىلىدۇ.

بىز چاقماق چاققاننى ئاۋۋال كۆرۈپ، گۈلدۈرمامىنىڭ گۈلدۈرلىشىنى ئارقىدىن ئاڭلايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى، نۇرنىڭ ھاۋادىكى تارقىلىش تېزلىكى تېز بولىدۇ، شۇڭا ناھايىتى تېزلا يەر يۈزىگە يېتىپ كېلىدۇ، ھالبۇكى، ئاۋازنىڭ ھاۋادىكى تارقىلىش تېزلىكى ئاستا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن چاقماق چاققاننى كۆرۈپ، ئاندىن گۈلدۈرماما ئاۋازىنى ئاڭلايمىز. ئەمەلىيەتتە، چاقماق بىلەن گۈلدۈرماما ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# يەر يۈزىدىكى «بۇلۇت»



بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئاق بۆجەن، كۈل رەڭ بۆجەنلەر ئانىسى بىلەن ئورمانلىقتا گۈمبەمەدەك تەرگىلى بارماقچى بولۇپ يولبويى سەكرەپ ـ تاقلاپ ئوينىشىپ ماڭدى. تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقان ئىدى، گۈمبەمەدەكلەر ھەقىچان تازا جىق ئۆسۈپ چىققاندۇ ـ ھە.





www.uyghurkitap.com



ئورمانلىقتا بەئەينى ئېچىپ قويۇلغان كۈنلۈكتەك چوڭ ـ كىچىك گۈمبەمەدەكلەر ھەقىقەتەن جىق ئىكەن. ئۇلار نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە!

ــ ۋاي ـ ۋۇي! ماۋۇ گۈمبەمەدەكنىڭ چوڭلۇقىنى! ــ دېدى ئاق بوجەن ۋە زوڭ ئولتۇرۇپ تېرىشكە باشلىدى. كۈل رەڭ بوجەنمۇ:

ــ جىقلىقچۇ تېخى! ــ دەپ ھەدەپ سېۋىتىگە سالدى.

ــ بالىلىرىم، يىراقلاپ كەتمەڭلار، بولامدۇ؟ ــ دېدى ئانىسى كۈلۈپ.



www.uyghurkitap.com

ئاق بۆجەن سېۋىتىنى بىردەمدىلا گۇمبەمەدەككە لىق توشقۇزۇپ بولۇپ، بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپلا داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

نېمە ئىش بولۇپ كەتتى ـ ھە؟ ھېلىلا يېنىمدا تۇرغان ئانام بىلەن ئۇكام نەگە كەتتى؟ ئۆزۈم بەك يىراقلاپ كەتتىممۇ ـ يا؟ جاھان ئاپئاق بولۇپ كېتىپتىغۇ، يېنىمدىكى ماۋۇ بىرنەچچە تۈپ دەرەخ بىلەن ئاياغ ئاستىمدىكى ئوت ـ چۆپلەردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ!





ئاق بوجەننى قورقۇنچ باستى، ۋارقىراپ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئانا، ئانا!» دەپ توۋلىدى. يىراقتىن ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن: «مەن ماۋۇ يەردە، يىغلىما بالام!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاق بوجەن شۇ چاغدىلا «ئۇھ!» دېدى، بىراق نېمىشقا ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرەلمەيمەن - ھە!



www.uyghurkitap.com




ئاق بوٚجەن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالماي تۇرغاندا كۇل رەڭ بوٚجەننىڭ:

— ئانا، بۇلۇت يەردە نېمىش قىلىدۇ؟ مەن سىزنى ۋە ئاق بوٚجەننى كوٚرەلمەيۋاتىمەن! كوٚز ئالدىم خىرەلىشىپ ھېچنېمىنى ئېنىق كوٚرەلمەيۋاتىمەن! — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى.



www.uyghurkitap.com





— قورقماڭلار باللىرىم، بۇ بۇلۇت ئەمەس، ئورمانلىقتىكى تۇمان، — دېدى ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.



— نېمە؟ تۇمان دەمسىز؟ — قىزىقىپ سورىدى ئاق بۆجەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئانا توشقان ئاۋاز چىققان تەرەپكە مېڭىپ ئاق بۆجەنىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، كۆيۈمچانلىق بىلەن:

— ئورمانلىقتىكى ھاۋا بوشلۇقىدا نۇرغۇنلىغان سۇ ھورلىرى بولىدۇ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدىكى تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەن ۋاقىتلاردا سۇ ھورلىرى قېتىشىپ سان ـ ساناقسىز ئۇششاق سۇ تامچىلىرىغا ئايلىنىدۇ ـ دە، تۇمان ھاسىل قىلىدۇ، — دېدى.





www.uyghurkitap.com

— ئەمىسە، نېمىشقا كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە تۇمان ئەڭ كۆپ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەجەبلەنگەن كۈل رەڭ بۆجەن ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ. ئانىسى سەۋرچانلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— چۈنكى كۈز ۋە قىش پەسلىدە ئەتىگەن - ئاخشاملىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز بولىدۇ، شۇڭا ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ناھايىتى ئاسانلا تۇمان پەيدا بولىدۇ.





— ئانا، تۇمان قاچان تارقاپ كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاق بۆجەن ئويلىنىپ تۇرۇپ.



— قۇياش بوۋىمىز چىقىپ تېمپېراتۇرا يۇقىرى ئۆرلىگەن چاغدا سان - ساناقسىز سۇ دانىچىلىرى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سۇ هورلىرىغا ئايلىنىدۇ، شۇ چاغدا تۇمان تارقايدۇ، — دېدى ئانا ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ.






ئانىنىڭ دېگەنلىرى دەرھەقىقەت راست چىقتى! ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇياش بوۋا نۇرلۇق كۈلكى-سى بىلەن يۈز ئاچتى. تۇمان شۇ ھامان تارقاپ، ئورمانلىقتىكى ھەممە نەرسىلەر يەنە ئېنىق كۆرۈ-نۈشكە باشلىدى. ئاق ۋە كۈل رەڭ بۆجەنلەر چىڭ قۇچاقلىشىپ خۇشاللىقىدا كۈلۈشۈپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار بىردەمدىلا سېۋەتلىرىنى يېڭى گۈمبەمەدەكلەرگە لىق تولدۇرۇشتى. ئەمدى چۈشلۈك ۋە كەچلىك غىزا ئىنتايىن مول بولىدىغان بولدى. بۆجەنلەر ئانىسى بىلەن ناخشا ـ قوشاق ئېيتىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.



www.uyghurkitap.com






پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلىي پائالىيىتى

## كۆرگۈ ئەينەكتىكى «تۇمان»

### پائالىيەت مەقستى ..............................................................

بالىلارغا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر ئارقىلىق تۇماننىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقى ھەمدە تۇماننىڭ تۇرمۇشىمىزغا قانداق تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

### پائالىيەت تەييارلىقى ..............................................................

ھىم ئىتىلگەن مۇنچا، كۆرگۈ ئەينەك، داس، يەلپۈگۈچ، ئىسسىق سۇ (بىخەتەرلىك ئۈچۈن بەك ئىسسىق بولۇپ كەتمىسۇن)










www.uyghurkitap.com

### پائالىيەت جەريانى

1. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىسسىق سۇ تەييارلايدۇ.
2. مۇنچىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ ئېتىپ داسقا ئىسسىق سۇ قۇيۇلىدۇ، بالا كۆرگۈ ئەينەكتە ھاسىل بولغان سۇ ھورلىرىنى كۆزىتىدۇ.
3. بالا كۆرگۈ ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرەلىگەن ـ كۆرەلمىگەنلىكىنى ۋە نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئېيتىدۇ.
4. يەلپۈگۈچ بىلەن كۆرگۈ ئەينەكنى يەلپۈگەندە، سۇ ھورلىرى ناھايىتى تېزلا يوقاپ كېتىدۇ.



ئىسسىق سۇ تەييارلىنىدۇ



ئىشىك چىڭ ئېتىلگەندە، كۆرگۈ ئەينەكتە تۇمان ھاسىل بولىدۇ



يەلپۈگۈچتە يەلپۈيدۇ



### پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

1. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بالىلار كۆزئەينەك، قازان ـ كورىلارنىڭ ئەينەك تۈۋىقى ئۈستىدە پەيدا بولغان «تۇمان»نى كۆزىتىدۇ.
2. تۇمانلىق كۈنلەرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قانداق تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ.

### پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بالىلار كۆزىتىش جەريانىدا تۇماننىڭ قانداق ھاسىل بولۇش جەريانىنى ھەمدە تۇمان بىزگە ئېلىپ كېلىدىغان قولايسىزلىقلارنى چۈشىنىدۇ. پۈتكۈل جەريان بالىلارغا نىسبەتەن تولۇپ ـ تاشقان سىرلىقلىققا ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش، بىلىش ئىستىكىنى قوزغىتىدۇ.




## تۇمان دېگەن نېمە؟
## ئۇ قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

كىچىك دوستلار، بىلەمسىلەر، ھاۋادا مۇئەييەن مىقداردا سۇ ھورلىرى بولىدۇ، تېمپېراتۇرا قانچە يۇقىرى بولسا، ھاۋا ئۆزىگە سىغدۇرىدىغان سۇ ھورلىرى شۇنچە جىق بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئاز بولىدۇ.

كۈندۈزى تېمپېراتۇرا بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، ھاۋا ئۆزىگە خېلى جىق سۇ ھورىنى سىغدۇرىدۇ؛ بىراق ئاخشاملىرى يەر يۈزى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى تارقىتىۋەتكەنلىكتىن، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇراسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەر يۈزىگە يېقىن تۇرغان ھاۋا قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ھاۋانىڭ تېمپېراتۇراسىنىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ. ھاۋا تېمپېراتۇراسى تۆۋەنلەۋېرىپ ئەسلىدە بار بولغان بارلىق سۇ ھورلىرىنى ئۆزىدە سىغدۇرالمىغان چاغدا ئېشىندا سۇ ھورلىرىنى قاتۇرۇپ سۇ تامچىلىرى ياكى مۇز كىرىستالىغا ئايلاندۇرىدۇ - دە، يەر يۈزىگە يېقىن ئاتموسفىرادا لەيلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇمان ھاسىل بولىدۇ.

تۇمان كىشىلەرنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە توسالغۇلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھەمىشە يېيىلىپ ياتقان ئاپئاق تۇماننى كۆرىمىز. سەھەردە تېمپېراتۇرا ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا تۇمان دائىم ئەتىگەندە كۆرۈلىدۇ. قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇراسى يۇقىرى ئۆرلەپ سۇ تامچىلىرىنى يەنە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان سۇ ھورلىرىغا ئايلاندۇرغاندا تۇمان تەدرىجىي تارقايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


## سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار:

بۇ قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتلارنى ئالدىڭلار!

قېنى يېزىپ بېقىڭلار!







www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

《红蜻蜓》儿童童话绘本系列. 会变的月亮脸 : 维吾尔文 / 沙达提·依明编译. -- 乌鲁木齐 : 新疆美术摄影出版社, 2013.3

ISBN 978-7-5469-3927-8

Ⅰ. ①红… Ⅱ. ①沙… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 078419 号

选题策划：于文胜
责任编辑：木拉提·阿里木
马木提·司马义
责任校对：米日班·努尔艾合买提
责任决审：亚森·吾布力哈斯木
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任印制：刘伟煜

书　名　《红蜻蜓》儿童童话绘本系列——会变的月亮脸（维吾尔文）
译　者　沙达提·依明
出　版　新疆美术摄影出版社
地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号
邮　编　830026
发　行　新疆新华书店
网　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　版　乌鲁木齐标杆集印务有限公司
印　刷　北京新华印刷有限公司
开　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　张　8
版　次　2014 年 10 月第 1 版
印　次　2014 年 10 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-3927-8
定　价　29.80 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）